# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 6 ـ ئاي
20
پەيشەنبە
维吾尔文 6月20日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24732 ـ سان بۈگۈن 8 بەت


### شى جىنپىڭ چاۋشيەن تاراتقۇلىرىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى

# جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق يېزىپ بېرەيلى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇش ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چاۋشيەن «ئەمگەك خەۋەرلىرى» قاتارلىق ئاساسلىق تاراتقۇلاردا «جۇڭگو ـ چاۋشيەن دوستلۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋر يېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق يېزىپ بېرەيلى» دېگەن تېمىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شى جىنپىڭ جاۋاب خەت يېزىپ بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسى ئاسپىرانت چېمپىيونلار سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى رىغبەتلەندۈردى

# تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇڭلار

# جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ تارقىتىڭلار

## جاۋاب خەت

**بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسى 2016 ـ يىللىق ئاسپىرانت چېمپىيونلار سىنىپىدىكى ساۋاقداشلار:**

ياخشىمۇ سىلەر! خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم، سىلەرنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، بىر تەرەپتىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن جاپالىق مەشىق قىلىپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتناشقىنىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

مەن سىلەرنىڭ نۇرغۇن مۇسابىقىلەرنى كۆرگەن، ھەر قېتىم دۆلىتىمىز تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرىنىڭ مۇھىم، زور خەلقئارا مۇسابىقىلەردە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەلا نەتىجە يارىتىپ، دۆلەت ئۈچۈن شەرەپ قۇچقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، كۆپچىلىكنى چىن كۆڭلۈمدىن ئالقىشلىدىم. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو بۈرچ زىممىمىدە، كۆرەشتە مەن بار دەيدىغان روھقا تېخىمۇ موھتاج. سىلەرنىڭ داۋاملىق باشلامچىلىق بىلەن ئېلىشىپ، غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى، جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ تارقىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن. مېنىڭ بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق مۇسابىقىلەرگە پائال تەييارلىق قىلىۋاتقان تەنھەرىكەتچىلەرگە، تىرېنېرلارغا بولغان سەمىمىي سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى ھاۋالە قىلىمەن!

**شى جىنپىڭ**

2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسى 2016 ـ يىللىق ئاسپىرانت چېمپىيونلار سىنىپىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈردى ۋە ئۇلاردىن كۆتكەن ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق مۇسابىقىلەرگە پائال تەييارلىق قىلىۋاتقان تەنھەرىكەتچىلەرگە، تىرېنېرلارغا سەمىمىي سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، بىر تەرەپتىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن جاپالىق مەشىق قىلىپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتناشقىنىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن سىلەرنىڭ نۇرغۇن مۇسابىقىلەرنى كۆرگەن، ھەر قېتىم دۆلىتىمىز تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرىنىڭ مۇھىم، زور خەلقئارا مۇسابىقىلەردە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەلا نەتىجە يارىتىپ، دۆلەت ئۈچۈن شەرەپ قۇچقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، كۆپچىلىكنى چىن كۆڭلۈمدىن ئالقىشلىدىم. يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو بۈرچ زىممىمىدە، كۆرەشتە مەن بار دەيدىغان روھقا تېخىمۇ موھتاج.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

# ئىختىساسلىقلارنى جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلارغا ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە يۆتكىلىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «ئىختىساسلىقلارنى جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلارغا ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە يۆتكىلىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش توغرىسىدىكى پىكىر» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدۇ) قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى قوللاشتا ئىختىساسلىقلار ئاچقۇچ. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىنىڭ ئىختىساسلىقلار خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارنىڭ جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ ئىش قىلىپ، ئىگىلىك تىكلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھازىر جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىنىڭ ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش مەسىلىسى يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش نىشان ـ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى قىيىن بولۇۋاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، جەلپ قىلىش، يۆتكەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەقدىم قىلىش، تۆھپە قوشۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كەسىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ تولۇقلىنىش ئېففېكتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ ئىش قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش سۈپىسىنى قۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يارىتىش كېرەك

**شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى**

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چىن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قەتئىي تۈردە دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتەك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىشتا تۇرتكە بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش يولىغا قويۇلدى جەنۇبىي شىنجاڭنى گازلاشتۇرۇش ئالغا سىلجىتىلدى

# تارىم نېفىتلىكى يېشىل تەرەققىياتقا «كۈچ قوشتى»

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈفېينىڭ** تارىم نېفىتلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تارىم نېفىتلىكى غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش بويىچە تەمىنلىگەن تەبىئىي گازنىڭ مىقدارى جەمئىي 230 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتكەن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستقا يەتكۈزۈلگەن تەبىئىي گاز جەمئىي 33 مىليارد كۇب مېتىردىن ئېشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ تەڭشەش، تۆۋەن كاربونلۇق يېشىل تەرەققىيات، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، پايانسىز چۆل ـ باياۋاندا پىژغىرىم ئىسسىق بولۇۋاتاتتى. باي ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى چۆل ـ باياۋاندا كېلا 7 ـ 2 قۇدۇقىنىڭ گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىدا توختىماي يەتكۈزۈلۈۋاتقان تەبىئىي گازدىن «گۈرۈلدىغان» ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەر يۈزىدە «غەربىنىڭ گاز مەنبەسى» دېگەن بىرقانچە چوڭ خەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. «كېلا 2 گازلىقىدىكى ‹تۆھپىكار قۇدۇق› دەپ ئاتالغان بۇ قۇدۇق دۆلىتىمىزدىكى تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى جەمئىي 10 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشقان تۇنجى يەككە قۇدۇق ھېسابلىنىدۇ. 2004 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، بۇ قۇدۇق غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيەسى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئۈزۈلدۈرمەي تەبىئىي گاز يەتكۈزدى» دېدى تارىم نېفىتلىك شىركىتى كېلا نېفىت ـ تەبىئىي گاز ئېچىش بۆلۈمىنىڭ باش گېئولوگى ۋاڭ شېڭجۈن.

تارىم ئويمانلىقى دۆلىتىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ـ تەبىئىي گازلىق ئويمانلىق، ئويمانلىقنىڭ نېفىت ـ گاز بايلىق ئېكۋىۋالېنتى 17 مىليارد 800 مىليون توننىغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي گاز بايلىق مىقدارى 12 تىرىليون 900 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP
شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى


### شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# خاس پۇقراۋى قونالغۇ شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندى



6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ گاۋجياخۇ مەنزىرە رايونىدىكى فۇيۈەن پۇقراۋى قونالغۇسىدا ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا. خاس پۇقراۋى قونالغۇ شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى ئەڭ جەلپ قىلارلىق كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشتى. ▢ داۋۇت رىشات فوتوسى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئايدىكى تۇرپاندا قۇياشنىڭ تەپتى ئوتتەك قىزىق ئىدى، ئەمما پىژغىرىم ئىسسىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ «ئۈزۈم شەھىرى»نى ساياھەت قىلىش قىزغىنلىقىنى قىلچە توسۇپ قالالمىدى. 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىدىقۇت رايونىغا جايلاشقان داپۇ ياشلار مېھمانخانىسىدا، تۆت ـ بەش چەت ئەللىك ساياھەتچى ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا سالقىندىغاچ پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇلار مېھمانخانىنىڭ ئاددىي، تەبىئىي دېھقان ئائىلىسى ئۇسلۇبىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

داپۇ ياشلار مېھمانخانىسى ئىككى ئەنئەنىۋى دېھقانلار ھويلىسىنى ئۆزگەرتىپ ياسالغان بولۇپ، كۆك رەڭلىك ئىشىك ـ دېرىزىلەر بىلەن يېشىل رەڭلىك ئۈزۈملەر بىر ـ بىرىگە تۇس قوشۇپ كىشىنى زوقلاندۇراتتى. «مېھمانخانا بىرلا ۋاقىتتا 60 ساياھەتچىنى قوندۇرالايدۇ، بۈلتۈر 5000دىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالغاندۇق.» مېھمانخانىنىڭ مەسئۇلى ليۇ بىڭجېڭ مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە ياتاققا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 50%كە يەتتى، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ياتاق تېپىش تەس بولىدۇ».

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ